يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى ۋەزىيىتىنى كېڭەيتەيلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

بىر زامانلاشقان جەمئىيەت ھەم ھاياتى كۈچكە تولغان بولۇشى، ھەم ياخشى تەرتىپكە ئىگە بولۇشى، ھاياتى كۈچ بىلەن تەرتىپنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى نامايان قىلىشى كېرەك. ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش بىلەن جەمئىيەت تەڭشەش، ئاھالىلەر ئۆزى ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى ھەمتۈرتكە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدىغان، ھەممە ئادەم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ھەممە ئادەم بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەن 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەت ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش مۆجىزىسىنى ياراتتى، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، دۆلىتىمىز دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئەڭ كۈچلۈك بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. لېكىن پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەرەققىي قىلغاندىن كېيىنكى مەسىلە تەرەققىي قىلمىغان ۋاقىتتىكىدىن ئاز بولمايدۇ. دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە تارىخىي ئۆزگىرىش بولدى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ، لېكىن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، شەھەر، يېزا رايون تەرەققىياتى ۋە كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە كەمتۈكلۈكلەر مەۋجۇت، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتا يەنە ئاجىز تۈرلەر بار. بولۇپمۇ، ئالاقە تورى كىشىلەرنىڭ ئالاقە شەكلىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىۋاتىدۇ، جەمئىيەت قارىشى، جەمئىيەت پسىخىكىسى، جەمئىيەت ھەرىكىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، جەمئىيەت مۇناسىۋىتى، جەمئىيەت ھەرىكىتى شەكلى، جەمئىيەت پسىخىكىسى قاتارلىقلاردىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە قانداق ئۇيغۇنلىشىپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تولۇق قاپلىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئاممىۋى سەھىيە ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، نوپۇسنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەڭپۇڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ـ ھەل قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ھەم خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشقا موھتاج.

جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى ۋەزىيىتىنى كېڭەيتىشتە، جەزمەن خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش تەرەققىياتنىڭ تۈپ مەقسىتى، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا بالىلار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇردىغان جايى بولۇش، ئاجىزلارنىڭ يار ـ يۆلەكى بولۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئومۇمىي خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغداشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىش مىليونلىغان خەلقنىڭ ئورتاق ئىشى، جەزمەن خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى مىليونلىغان خەلق قاتنىشىدىغان جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئاممىسىنى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئەڭ كەڭ قاتناشقۇچىسى، ئەڭ زور نەپكە ئېرىشكۈچىسى، ئەڭ ئاخىرقى باھالىغۇچىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىا نېمىنى ئويلىسا شۇنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، ھەم مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەربىر جەمئىيەت ھۈجەيرىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، جانلاندۇرۇپ، زىددىيەت، ماجىرالارنى ئاساسىي قاتلامدا پەسەيتىپ ـ ھەل قىلىپ، ئىناقلىق، مۇقىملىقنى ئاساسىي قاتلامدا بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، تېخىمۇ كاپالەتلەندۈرۈش، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «جەمئىيەت ئىدارە قىلىش بىر پەن، باشقۇرۇش بەك قاتمال بولۇپ، كۆلدىكى ئۆلۈك سۇدەك بولۇپ قالسا بولمايدۇ؛ باشقۇرۇش بەك بوش بولۇپ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسىمۇ بولمايدۇ.» دىيالېكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھاياتى كۈچ بىلەن تەرتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئورتاق بەرپا قىلىش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، دېموكراتىك كېڭەشكىلىدىغان، جەمئىيەت ماسلىشىدىغان، ئاممىا قاتنىشىدىغان، قانۇنچىللىق كاپالەتلەندۈرىدىغان، پەن ـ تېخنىكا تىرەك بولىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدىغان، ھەممە ئادەم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ھەممە ئادەم بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، تەرتىپلىك بولۇشىغا، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن 500 مېتىرلىق ئۇزۇن رېلىسنى بىۋاستە ياتقۇزۇش شارائىتى ھازىرلانمىغان، شۇڭا ئاۋۋال قىسقا رېلىس ياتقۇزۇپ ئاندىن ئۇزۇن رېلىسنى ئالماشتۇرۇپ ياتقۇزۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 500 مېتىرلىق ئۇزۇن رېلىس ئېچكىرى رايونلاردىن يىراق مۇساپىدە كورلىغا توشۇپ كېلىنگەن، ھەربىر قېتىم توشۇشقا يەتتە كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ.

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە 2017 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كورلىدىن باشلاپ رېلىس ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئالماشتۇرۇپ ياتقۇزۇش ئۇسۇلى بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنىپ، ئالدى بىلەن 25 مېتىرلىق قىسقا رېلىس ياتقۇزۇلۇپ، ئارقىدىن 500 مېتىرلىق ئۇزۇن رېلىس ئالماشتۇرۇپ ياتقۇزۇلدى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى قىسقا رېلىس ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، چىڭخەي بۆلىكىدىكى تۆمۈريول بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇرۇلۇشچىلار ئۇزۇن رېلىسنى ئالماشتۇرۇپ ياتقۇزۇش خىزمىتىنى جىددىي قانات يايدۇرۇپ، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇزۇن رېلىسنى ئالماشتۇرۇپ ياتقۇزۇشنى تاماملاپ، شىنجاڭ بۆلىكى بىلەن چىڭخەي بۆلىكىنى ئۇزۇن رېلىسلىق تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«25 مېتىرلىق قىسقا رېلىس ياتقۇزۇلغان تۆمۈريولدا رېلىس بىلەن رېلىس ئارىسىدا بەلگىلىك يوچۇق قالىدۇ، گەرچە قۇراشتۇرۇش قولاي بولسىمۇ، لېكىن پويىز ماڭغاندا ‹تاراق ـ تاراق› قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ، پويىزنىڭ سىلىق يۈرۈشى بىرقەدەر ناچار بولىدۇ. بۇ قېتىمقى گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيەسى ئۇزۇن رېلىسلىق تۇتاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن پويىز سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىشىپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ سىلىق، تىنچ ماڭىدىغان بولۇپ، راھەتلىكلىكى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى» دېدى خۋاڭ كېجۈن.

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۆمۈريول قۇرۇلۇشى تۈرى بولۇپ، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى گولمۇدتىن باشلىنىپ، غەربتە ۋۇتۇ مېيرېن، گەنسېن، خۋاتۇگوۋدىن ئۆتۈپ، ئالتۇنتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ شىنجاڭغا كىرىدۇ. نۆۋەتتە پۈتۈن لىنىيەنى ئۇزۇن رېلىسلىق تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شىنجاڭ بۆلىكىدە يىل ئىچىدە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلىدۇ، شۇ چاغدا شىنجاڭدا لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە لەنجۇ ـ شىنجاڭ يولۇچىلار مەخسۇس لىنىيەسىنى ئاساسىي يول، ئېجىنا ـ قومۇل تۆمۈريولىنى شىمالىي يول، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنى جەنۇبىي يول قىلغان «بىر ئاساس، ئىككى قوشۇمچە» قاتناش ئەندىزىسى شەكىللىنىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تيەن دى مۇنداق دېدى: قەرز پۇلنىڭ قەرەللى توشۇپ قەرز پۇلنىڭ دىرى، ئۆسۈمىنى قايتۇرۇپ بولغان يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئىككىنچى قېتىم قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا ھەم مالىيە ئۆسۈم ياردىمىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. قەرز پۇلنىڭ قەرەللى توشمىغان بولسا، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر قەرز پۇل بەرگەن بانكا ئاپپاراتىغا دىرى بىلەن ئۆسۈمنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قەرز پۇل بەرگەن بانكا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئەھۋالى ۋە تىجارەت ئەھۋالىغا ئاساسەن باھالاپ، قەرز پۇل قەرەللىنى ئۇزارتىش، داۋاملىق قەرز پۇل بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، دىرنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇزارتىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۇزارتىش مۇددىتى ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. قەرز پۇلنىڭ قەرەللى توشۇپ قەرز پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇپ بولغان، ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ باقمىغان يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر شۇ جايدىكى بانكىچىلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قەرز پۇل مۇددىتى ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ سىياسەتنى يولغا قويۇش مۇددىتىنى ئىككىنچى قېتىم ئۇزارتىشى ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى قېتىملىقى 4 ـ ئايدا ئۇزارتىلغان بولۇپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە قارىتىلغان ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇش مۇددىتىنىڭ ئەسلىي بېكىتىلگەن ئاخىرلىشىش كۈنى 2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىلغانىدى. بۇ سىياسەتنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى 3 ـ ئايدا بىرلىكتە چىقارغان بولۇپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا رەنىسىز، كېپىلسىز ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قەرز پۇل سوممىسى 80 مىڭ يۈەن ئىچىدە بولۇپ، قەرز پۇل مۇددىتى ئالتە ئاي بولىدۇ، قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بانكىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى قەرز پۇل بازار باھاسى ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن 50% ئۆسۈم ياردىمى بېرىلىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە 6 مىليارد 12 مىليون يۈەن ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىلىپ، 113 مىڭ 300 يەككە سودا ـ سانائەتچى مەنپەئەتلەندۈرۈلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 777، تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 218 بولۇپ، جەمئىي 995.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۈدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

# ئاپتونوم رايونىمىزدا قىشلىق زاپاس ساقلاش تۈرىدىكى كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 20% ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يى**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قىشلىق زاپاس ساقلاش تۈرىدىكى كۆكتاتلارنى تېرىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقان، جەمئىي 796 مىڭ مو يەرگە قىشلىق زاپاس ساقلاش تۈرىدىكى كۆكتات تېرىلغان بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 20.8% ئاشقان، ئاساسلىق تۈرلەردىن بەسەي، سەۋزە، چامغۇر، لاڭخا قاتارلىقلار بار ئىكەن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز قىشلىق زاپاس كۆكتات تېرىش ۋە ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، قىش، ئەتىياز پەسىللىك كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. يېزىلارنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، سىرتتىن كۆكتات يۆتكەپ كېلىش مەسىلىسىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغان ئەھۋالدا، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتات ئىستېمالىغا كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى 30 كۈنلۈك مىقداردىن 60 كۈنلۈك مىقدارغا ئۆستۈردى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز قىشلىق زاپاس كۆكتات تېرىش خىزمىتىنى كېيىنكى يېرىم يىللىق ئېغىزغا تېرىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، قىشلىق زاپاس كۆكتات تېرىش كۆلىمىنى يېتەرلىك قالدۇردى ھەم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى زاپىسى قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلەپ، مۇۋاپىق مەزگىلدە تېرىش، مۇۋاپىق زىچ تېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قىشلىق زاپاس كۆكتاتلارنى تېرىيالايدىغان، يېتەرلىك تېرىيالايدىغان، ھوسۇل ئالالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون «ھويلا ـ ئارانىغا تېرىلغان كۆكتاتلار بىلەن ئاساسلىقى يېزىلارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئېتىزغا تېرىلغان كۆكتاتلار بىلەن ئاساسلىقى شەھەر ـ بازارلارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش»تەك ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، ئېتىزدا تېرىش بىلەن ھويلا ـ ئاراندا كىچىك پارنىكتا تېرىشنى بىرلا ۋاقىتتا ئالغا سىلجىتتى. ئېتىزدا قىشلىق زاپاس كۆكتاتلارنى ئېغىزغا تولۇق تېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، ھويلا ـ ئاراندىكى كىچىك پارنىكلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا، ساقلاشقا چىداملىق، بالدۇر پىشىدىغان كۆكتات سورتلىرىنى تاللاپ، يېزىلارنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەشنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، شەھەر ـ بازارلارنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەشنى تولۇقلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون شەھەر رايونى زاپىسىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى، تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، يېقىن ئەتراپتىكى، ئۆز جايىدىكى يېزا(كەنت) دەرىجىلىك سوغۇق ساقلاش ئامبىرى قاتارلىق ساقلاش ئەسلىھەلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆز جايىدا زاپاس ساقلايدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى دېھقانلارنىڭ ھويلا ـ ئاران ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قىشلىق كۆكتات ساقلاش گەمىسى ياكى مەخسۇس كۆكتات ساقلاش ئۆيى (ئامبىرى) قۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان كۆكتات مەۋسۇمى تەلپىگە ئاساسەن، ۋاقتىدا گەمىگە سېلىپ، ئامبارغا كىرگۈزۈپ، «كۆكتات ساقلاشتا دېھقانلارغا تايىنىش» «ئاۋۋال ساقلاپ، ئاندىن توشۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازار خەۋپ ـ خەتىرىنى تۆۋەنلىتىپ، قىشلىق زاپاس كۆكتاتلارنى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قىشلىق، ئەتىيازلىق كۆكتات ئىستېمال قىلىش ۋە تەڭشەپ توشۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۇنۇۋېرسال تەھلىل قىلىپ، تېرىلىدىغان كۆكتاتلارنىڭ تۈرلىرىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، كۆكتاتچى دېھقانلارنى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن كۆكتات تېرىشنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قىش، ئەتىياز پەسىللىك كۆكتات بىلەن تەمىنلەش تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، ھوسۇلنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ «كۆك ـ تاق»نى ئۈزلۈكسىز بېيىتىدۇ.

# كۈز پەسىللىك كالا ـ قويلارنى قوتاندىن چىقىرىش ـ سېتىش پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خې خۇڭيې**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، ھازىر كۈز پەسىللىك كالا ـ قويلارنى قوتاندىن چىقىرىشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلى بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ئالاقىدار تارماقلار ھەققىي تەدبىر قوللىنىپ، قوتاندىن چىقىرىش ـ سېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن.

مۆلچەرلىنىشچە، 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق بەش ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ كۈز پەسىللىك قوتاندىن چىقىرىش كۆلىمى كالا 750 مىڭ تۇياققا، قوي 8 مىليون تۇياقتىن كۆپرەككە يېتىپ، بۇلتۇرقى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلىشىدىكەن. بۇ يىل يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، كالا ـ قويلار قوتاندا بېسىلىپ قېلىپ سېتىلماسلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىش، شىنجاڭدىن چىقىرىپ سىرتقا سېتىش يوللىرى راۋان بولماسلىق، سىرتقا سېتىشتا قىيىنلىق دەرىجىسى زورىيىش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلدى.

كۈز پەسىللىك كالا ـ قويلارنى قوتاندىن چىقىرىش ـ سېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە بايلىقى مول بولغان ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى كۆلەملىك مەيدانلارنى كالا ـ قويلارنى بورداش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، قەرز پۇل ئۆسۈم ياردىمى، «ئاشلىقنى يەم ـ خەشەككە ئۆزگەرتىش» قاتارلىق تۈر مەبلىغى بىلەن قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆلەملىك مەيدانلارنىڭ بورداپ قوتاندىن چىقىرىش مەزگىلىنى ئۇزارتىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەركەزلىك قوتاندىن چىقىرىلغان ئورۇق چارۋىلارنى ئۈنۈملۈك قوبۇل قىلىشنى قوللىدى.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئىدارىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا گۆش قويى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ ئۇدۇللىشىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، شىمالىي شىنجاڭدا كالا ـ قويلار قوتاندا بېسىلىپ قېلىپ سېتىلماسلىق، جەنۇبىي شىنجاڭدا بازار تەمىناتىدا يوچۇق بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش ئۇچۇر مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «شىمالنىڭ قويىنى جەنۇبقا يۆتكەش»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ شىنجاڭ سىرتىدىن يۆتكەپ كىرىش سانىنى ئازايتىدۇ. ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئەۋزەل كاپىتالىنى چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى، سويۇش، پىششىقلاش، سېتىش قاتارلىق ساھەلەرگە كىرىشكە جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلار بىلەن مۇقىم بولغان كالا ـ قوي گۆشى ۋە تىرىك چارۋا تەمىنات ـ سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى قوللاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كالا ـ قوي گۆشى بازىرىنى ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ئالاقىدار تارماقلارنى تىرىك چارۋىلارنى تەڭشەپ توشۇش يول قاتنىشى كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش، قوللاشقا پائال ماسلاشتۇرۇپ، كالا ـ قوي گۆشى زاپىسىنى ئاشۇرۇپ، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كالا ـ قوي گۆشى بازىرىنى تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىمىز.